"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى



# ئاسترونومىيە ئاتىسى

# كوپېرنىك



مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# ئاسترونومىيە ئاتىسى


# —— كوپېرنىك


قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر: سۈي لى   شياڭ يۈن   جۈن ۋاڭ
يەن فاڭ   جاڭ پىڭ

رەسىمنى سىزغۇچىلار: مياۋ ۋېي   لۇ لېي   ساۋ ئېرگاڭ
لىيۇ جىڭ   خېجيې   ساۋ چاڭشو
ياڭ خوڭ   لۇ شياۋ   ۋاڭ جىڭ
چى شىن   لۇ جىڭي   جاڭ يۈرۈڭ   شياۋ مىڭ

بەت ياسىغۇچى: جىنشيۇ شېڭيى



## قىسقىچە مەزمۇنى

«دۇنياۋى مەشهۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى»— ئىلىم-پەن، سىياسىي، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ساهەلەردە كىشىلەرنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشكەن هەم ئۆز كەسپىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشهۇر شەخسلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرغان يۈرۈشلۈك، كۆڭۈلدىكىدەك بالىلار ئوقۇشلۇقى.

بۇ كىتابلاردا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىش-ئىزلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس كۈرەش قىلىش روهى نامايان قىلىنغان. بۇ تەرجىمىهاللارنى ئوقۇساق بىزنى بىلىمگە، ئىلهامغا ئىگە قىلىدۇ، مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ سۈرەتلىرى نەپىس، تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كەڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى هەم يېقىن دوستى بولالايدۇ.



# ... كوپېرنىكنىڭ تەرجىمھالى ...

كوپېرنىك پولشالىق ئۇلۇغ ئاسترونوم، "قۇياش مەركەز تەلىماتى"("يەر ھەرىكەت تەلىماتى") نىڭ ياراتقۇچىسى. ئۇ ئىچىپ بەرگەن "ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى" ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى ئۇلۇغ ئىنقىلاب، بۇ ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. كېيىنكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ "ئاسترونومىيە ئاتىسى" دەپ ئاتىغان.


كوپېرنىك 1473 ـ يىلى پولشانىڭ غەربىدىكى تورېن شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا ـ ئانىسى بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، تاغىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن، پولشا ۋە ئىتالىيەدىكى بىرقانچە ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، قانۇن ۋە مېدىتسىنا ئۆگەنگەن، ھەمدە دۇنياغا داڭلىق ئاسترونوملارنى ئۇستاز تۇتقان. ئۇ ئون نەچچە يىلنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، ئەستايىدىل كۆزىتىش، ھارماي ئىزدىنىش بىلەن بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن. سانسىز قېتىم ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە ھېسابلاش ئارقىلىق، يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى، ھەمدە باشقا بەش چوڭ پىلانېت بىلەن قوياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئاي شارىنىڭ يەرشارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قۇياش مەركەز تەلىماتىنى يارىتىدۇ ھەمدە دۇنياغا مەشھۇر "ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيىسى"نى ئېلان قىلىدۇ. كوپېرنىكنىڭ "قۇياش مەركەز تەلىماتى" پەلسەپىۋى پىكىر، ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش مۇجەسسەملەنگەن نادىر ئەسەر، پەن ـ تېخنىكىغا قوشۇلغان بۈيۈك تۆھپە.

كوپېرنىكنىڭ "قۇياش مەركەز تەلىماتى" فېئودال ئىلاھىي ھۆكۈمرانلىققا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن رىم پاپىسى ئۇنىڭغا ۋەھشىيانە زىيانكەشلىك قىلىشقا، كۈچىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ "تەلىماتى"غا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كوپېرنىكنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەش ئىرادىسىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇنىڭ "قۇياش مەركەز تەلىماتى" ئەينى ۋاقىتتا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغان ئاسترونومىيە ئىلمىگە يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرىنى ئېلىپ كېلىپ، پىتولمىينىڭ "يەر مەركەز تەلىماتى"نىڭ خاتا سەپسەتىلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلىپ، تەبىئىي پەننى ئىلاھشۇناسلىقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى.

1543 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كەچتە، بۇ ئۇلۇغ ئاسترونوم ئۆزىنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى» دېگەن كىتابىنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. كوپېرنىك بىزگە ئالەمنىڭ مەركىزى قۇياش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.


www.uyghurkitap.com

1 كوپېرنىك ئۇلۇغ ئەدەبىيات – سەنئەت ئويغىنىش مەزگىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كولومبو، ماگىللان، داگامالارنىڭ جۇغراپىيىلىك بايقاشلىرى، داۋىنچى، مىكىلانجىلو، رافىللولارنىڭ رەسىملىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.





2 كوپېرنىك 1473- يىلى پولشانىڭ غەربىدىكى تورۇن شەھرىدە بىر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 10 ياش ۋاقتىدا ئاتىسى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان، كوپېرنىك بىلىمى چوڭقۇر، ئەدىيىسى ئىلغار روھانىي تاغىسى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولغان.




3 كوپېرنىك تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە كىچىكىدىن باشلاپلا تەبىئىي پەنلەرگە ، بولۇپمۇ ئاسترونومىيىگە بەكرەك قىزىقتى. ئۇ دائىم ئۆزى يالغۇز كېچە ئاسمىنىغا قاراپ، جىمجىت پىكىر قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com





4 1491- يىلى، كوپېرنىك ياۋروپاغا مەشھۇر كىراكوف ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئاسترونوم بولزوۋېسكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاسترونومىيىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرى بىلەن ئالەم بوشلۇقىنى كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتكىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


5 1496- يىلى ئۇ تاغىسىغا ئەگىشىپ ئەدەبىيات- سەنئەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى ئىتالىيىگە كېلىپ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ بىرنەچچە ئالىي مەكتەپتە ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا ۋە قانۇن ئۆگىنىدۇ ھەمدە مەشھۇر رەسسام داۋىنچى بىلەن تونۇشىدۇ.



6 كوپېرنىك ئالىي مەكتەپتە ۋاقىت ھېسابلاش ۋە كالېندار تۈزۈشنى ئۆگىنىۋالدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو ۋە مىسىرنىڭ كالېندارچىلىق
ئۇسۇلىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدۇ. بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى ئاسترونومىيە بايقاشلىرى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس بولدۇ.




7 تاغىسىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن كوپېرنىك پولشاغا قايتىپ پوپ ۋە دوختۇر بولدۇ، ئۇ يەرلىكتىكى كەمبەغەللەرنىڭ دەرد-ئەلەملىرىگە
تولىمۇ ھېسداشلىق قىلدۇ، قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى كەڭ ئاممىنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولدۇ،



8 تاغىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كوپېرنىك چېركاۋغا كۆچۈپ كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مۇنارنى ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئۆيى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ھەرخىل ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئېلىپ باردى. ئۇ بۇ يەردە 30 يىل ئىشلىدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

9 ئۇ ۋاقىتتا، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا كىشىلەرنىڭ يېڭى ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلاردا بولۇشىغا يول قويۇلمايتتى. دىنىي جەمئىيەت ھۆكۈمرانلىرى پتولمېينىڭ يەر مەركەز تەلىماتىنى تېخىمۇ ئۇلاھلاشتۇرۇپ، بۇنى پەرۋەردىگارنىڭ دۇنيانى يارىتىشىنىڭ پاكىتى قىلاتتى.




10 پتولمى يەرشارى ئالەمنىڭ مەركىزى، باشقا پلانېتلار ھەممىدە قۇياشمۇ يەرشارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ دەپ قارايتتى. بەزى ئالىملار "يەر مەركەز تەلىماتى"نىڭ يوچۇق ۋە زىددىيەتلىرىنى بايقىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتەلمىگەنىدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

11 كوپېرنىك ئۇســكۇنە بىلەن ئۆزۈن مەزگىل كۆزىتىش ھەم قايتا- قايتا ئىنچىكە ھېســابلاش ئارقىلىق، يەر شارنىڭ پەقەت باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا ئوخشاش پلانېت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ "يەر مەركەز تەلىماتى"نىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.




12 كوپېرنىك ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدىكى دەسلەپكى پەرەزلەر» دېگەن ماقالىسىدە ئېلان قىلدۇ. ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەنئەنىۋى ئاسترونومىيە نەزەرىيىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، پۈتۈن ياۋروپادا زور ئىنكاس قوزغايدۇ. ئۇنىڭ قورقماس روھى كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ.





www.uyghurkitap.com

13 كوپېرنىك كىشىلەرگە: "مېنىڭ 'يەر مەركەز تەلىماتى'نى ئىنكار قىلىشىم سەۋەبىدىن بەزىلەر چوقان كۆتۈرۈپ مېنى سەھنىدىن قوغلايدىغانلىقىنى، مېنى دىنىي سوتقا تارتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن بىراق مەن بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن..." دەيدۇ.





14 ده رۋه قه، به زىله ر كوٚپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا كوپىرنىكنى مه سخىره قىلىپ: "هه تتا ئه خمه قله رموٚ يه رنىڭ مىدىرلىمايدىغانلىقىنى، قوٚياشنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كوٚره له يدوٚ"، "ئوٚ هه قىقه ته ن ئېلىشىپ قاپتوٚ" ده يدوٚ. كوپىرنىك بوٚ بوٚهتانلارغا قىلچه په رۋا قىلماي كوٚلوٚپلا قويىدوٚ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


15 دىنى كۆچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ھەققەتنى قوللاش ھەققەتنى بايقاشتىنمۇ تەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ھېچكىممۇ دىنىنىڭ نوپۇزىغا ۋە «ئىنجىل»دىكى بايانلارغا قارشىلىق قىلىپ، كوپېرنىك بايقىغان ھەققەتنى قوللاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.





16 1513-يىلى كوپېرنىك خەلقئارالىق كالېندارچىلىق ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ رەئىسى پاۋلونىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، كالېندار تۈزىتىش خىزمىتىگە كىرىشىدۇ، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى كالېندار يىلى بىلەن ئاسترونومىيە يىلىنىڭ پەرقى ئاللىقاچان 10 كۈنگە يېتىپ بولغانىدى.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

17 كوپېرنىك ھېسابلاش ئارقىلىق، تۇرغۇن يۇلتۇز يىلىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى بۈگۈنكى كۈندە بىز ئىگىلىگەن يىل ئېنىقلىق
دەرىجىسىدىن 30 سېكۇنتلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى بۇ ئاي شارى بىلەن يەر شارى ئوتتۇرىچە ئارىلىقىنىڭ يەر شارى رادىئۇسىنىڭ ھەسسىلىكى
بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بىز بىلىدىغان ساندىن پەقەت ئۇنىڭدىن بەش پىرسەنتلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتى.




18 كوپېرنىك 1515- يىلدىن باشلاپ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ هەرىكەت نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابنى يېزىشقا كىرىشىدۇ، ئۇ كۆزەتكەچ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تۈزىتىدۇ ھەم بۇنىڭغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 18 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. هۆكۈمەتنى يەنىمۇ تولۇق ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇ قولىيازمىنى يەنە 10 يىل قويۇپ قويىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

19 كوپېرنىك «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيىسى» دە، قۇياش ۋە ئۇنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلىدىغان پىلانېتلارنىڭ دىئامېتىرىنى تەخمىنلەشتۈرۈپ ھەممىدە يەر شارى، يۇپىتېر، مارس قاتارلىق پىلانېتلارنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش دەۋرىنى بىر قەدەر توغرا ھېسابلاپ چىققان.





20 كوپېرنىك كىتابىدا يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى، ئوربىتىلىق ئايلىنىشى ۋە يانتۇلۇقى قاتارلىق ئۈچ جەھەتنىمۇ بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ئانا مەكتىپى كىراكوف ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولسا بۇ كىتابىنىڭ بالدۇرراق نەشردىن چىقىشى ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چاپىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

21 1543- يىلى 3- ئايدا، «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيىسى» رەسمىي نەشر قىلىندۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى كىتابنى ئۇنىڭ كېسەل كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كەلگىندە ، ئۇ ئاران- ئاران نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئىككى ئايدىن كېيىن، 70 ياشلىق كوپېرنىك مېڭىگە قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.




22 كوپېرنىك ۋاپات بولۇپ ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيىسى» ئاندىن ئاشكارا تارقىتىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. گەرچە بىز ھازىر قۇياشنىڭ ئالەمنىڭ مەركىزى ئەمەسلىكىنى بىلسەكمۇ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا، كوپېرنىكنىڭ نەزەرىيىسى ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشقانىدى.

图书在版编目（CIP）数据

哥白尼：维吾尔文/随力等编；缪维等绘；沙塔尔·沙拉木译.—北京：民族出版社，2008.6
（托起明天的太阳. 世界杰出人物丛书）
ISBN 978-7-105-09380-9

Ⅰ.哥… Ⅱ.①随…②缪…③沙… Ⅲ.哥白尼，N.（1473~1543）—生平事迹—少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K 835. 136. 14-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第083671号

本书根据农村读物出版社2004年1月第1次印刷版本翻译出版

بۇ كىتاب جۇڭگو يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 2004-يىل 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　　译：沙塔尔·沙拉木
责 任 编 辑：卡哈尔·普拉提
责 任 校 对：卡哈尔·普拉提
制　　　作：沙塔尔·沙拉木

تەرجىمە قىلغۇچى : ساتتار سالام
مەسئۇل مۇھەررىر : قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور : قاھار پولات
بەتچىك : ساتتار سالام

出版发行：民族出版社
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010-64290862
邮　　编：100013
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
经　　销：各地新华书店
开　　本：889毫米×1194毫米 1/24 印张：1
版　　次：2008年6月第1版
　　　　　2008年6月第1次印刷
印　　数：0001—3000册
书　　号：ISBN 978-7-105-09380-9/K.1410（维42）
定　　价：5.00元

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2008-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 889×1194 م م. 24 كەسلەم باسما تاۋىقى 1
سانى : 0001-3000
باھاسى : 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

翻　　译：沙塔尔·沙拉木
责任编辑：卡哈尔·普拉提
责任校对：卡哈尔·普拉提

ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش ئىنساننىڭ تۇغما بۇرچى.

—— كوپېرنىك







ISBN 978-7-105-09380-9
定价：5.00元